# شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرى ھەققانىي تەدبىر

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو تەرەپنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، جاھىللىق بىلەن «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى، بۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئىنتايىن زور زىيان يەتكۈزدى ھەم زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەرگە ئېغىر خاتا سىگنال بەردى، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، غەرىزى ئىنتايىن رەزىل.

تېررورىزم، ئەسەبىيزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، خەلقئارا جەمئىيەت ئورتاق زەربە بېرىدىغان ئوبيېكت. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن 2016 ـ يىلىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى پەيدا قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇردى، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇنچىللىق تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى قانۇن بويىچە تەسىس قىلىش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق، تېررورىزم، ئەسەبىيزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋېلىپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىشىنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

ئەمىنلىكتىنمۇ ئارتۇق پايدا بولماس، مالىمانچىلىقتىنمۇ ئارتۇق زىيان بولماس. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، مۇقىملىقنىڭ پايدىسى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلدى. شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللەندى، دىنلار ئىناق ـ رايىش بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇردى، بۇ، ئەلرايىغا ئۇيغۇن، كىشىلەر كۆڭلىگە ياقىدۇ، نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك.

جۇڭگو قانۇنچىل دۆلەت. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر قانۇنچىللىق تەپەككۇرىدا، قانۇنچىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ تېررورىزمغا زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇشى، شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا ئۇيغۇن. ھەققانىيەت كىشىلەر قەلبىدە، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق تۆھپە قوشۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلار، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ئۆمەكلىرى ۋە چېگرا سىرتىدىكى تاراتقۇلار، دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىق 91 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 70 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك ـ گۇرۇپپا، 1000دىن ئارتۇق ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىكەن، دەپ بەس ـ بەستە تەرىپلىدى. يېقىندا، 60 نەچچە دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى 74 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى 3 ـ كومىتېتىنىڭ يىغىن مەزگىلىدە بەس ـ بەستە سۆز قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىگە ئاكتىپ باھا بەردى.

ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىدە قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە پەسەنت قىلماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتقا پەسەنت قىلماي، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىيزمگە زەربە بېرىشتىكى ئومۇميۈزلۈك ئورتاق تونۇشىغا پەسەنت قىلماي، خەلقئارا ئەخلاق ۋە ھەققانىيلىققا، ئىنسانىي ۋىجدانغا، ئەخلاققا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە «قوش ئۆلچەم» قوللىنىشى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، تېررورىزم، ئەسەبىيزمنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا يول قويۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ مەدەت بېرىش بولۇپ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ۋە جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ دۆلىتىمىزنى توسۇش، پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

قارا بۇلۇت قۇياشنى توسۇيالمايدۇ، ھەققانىيەت ھامان رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرى ھەققانىيلىق ئارقىلىق رەزىللىككە، مەدەنىيلىك ئارقىلىق ياۋۇزلۇققا قارشى كۈرەش قىلىش بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشى ۋە ئاكتىپ باھاسىغا ئېرىشتى. «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋىقىغا ئۇزاق بولمىدى، ئامېرىكا تەرەپ يارا ساقايغاندىن كېيىن ئاغرىقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئامېرىكا تەرەپ ئەگەر ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، تېررورىزمنى قوللاشتا چىڭ تۇرۇپ، داۋاملىق يولۋاسقا يانتاياق بولسا، يامانغا يانتاياق بولسا، ئۆزى قىلغان ئەسكىلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى چوقۇم ئۆزى تارتىدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇزاقتىن بۇيان، تېررورلۇق ھۇجۇمى ئاۋامنىڭ ھاياتىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، مال ـ مۈلككە زىيان سېلىپلا قالماي، تېخىمۇ يامىنى ئىنتايىن زور ساراسىمە پەيدا قىلىپ، جەمئىيەت مۇھىتىنى ناچارلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشى تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئاۋامنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ تېررورىزم ۋە دىنىي ئەسەبىيزم يەنىلا پۈتۈن يەر شارىغا خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلماقتا، ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بىر چوڭ زەھەرلىك ئۆسمە.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، شىنجاڭدا تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر تەھدىت سالدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، شىنجاڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، بۇ جۇڭگونىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئاساسىي روھى ۋە پرىنسىپىغىمۇ ئۇيغۇن. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئالاقىدار تەدبىرلەر ياخشى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئامانلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاق ـ ئىجىل، ھەرقايسى دىنلار ئىناق ـ رايىش، خەلق تۇرمۇشى تىنچ ـ خاتىرجەم بولۇۋاتىدۇ، جەمئىيەت كەيپىياتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىگە، مەدەنىي تۇرمۇش ئادىتىگە ئىنتىلىدىغان جەمئىيەت كەيپىياتى كۈندىن كۈنگە قويۇقلاشتى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى. ھازىرغىچە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى.

ھالبۇكى، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش تىرىشچانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپلا قالماستىن، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان، جەمئىيىتى مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپلا قالماستىن، ئەكسىچە پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش يولىدىكى ھەققانىي تەدبىرىگە داغ تەگكۈزدى، قارا چاپلىدى. بۇ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى تىپىك قوش ئۆلچەم بولۇپ، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى ساختىپەزلىكى تولۇق ئاشكارىلاندى.

ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا تەرەپ ئۆز زومىگەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئالىلبۇرۇن «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش»تەك قوش ئۆلچەم قوللىنىشقا كۆنۈپ قالغان. ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئافغانىستان، ئىراق، لىۋىيە، سۇرىيە قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قوزغاپ، ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ، نەچچە مىليون بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نۇرغۇن مۇساپىر يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولدى، لېكىن جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تەلىم ـ تەربىيە شەكلىنى قوللىنىپ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۇسۇلىنى كەلسە ـ كەلمەس ئەيىبلەپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى، بۇ قانداق داۋلى، قانداق لوگىكا؟ ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇ خىل مۇتەھەم، يولسىز قوش ئۆلچىمى بارلىق ئادىل قەلبكە ئىگە ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ، خالاس!

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەققانىيەت كىشىلەر قەلبىدە. ئامېرىكا تەرەپنىڭ ساختىپەزلىك، زومىگەرلىك قىلمىشىنى خەلقئارا جەمئىيەت بەس ـ بەستە ئەيىبلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە جەمئىيەت ئىدارە قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى پۈتۈن دۇنياغا ئايان. شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشىدىكى مەقسەت تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش ۋە يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى يوقىتىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇشتىن ئىبارەت. خەلقئارادىكى نۇرغۇن زات شىنجاڭغا كېلىپ نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلىش، زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى، زۆرۈرلۈكى، قانۇنلۇقلۇقى، مۇۋاپىقلىقىنى چۈشەندى، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىغان ئاشۇ تەربىيەلەنگۈچىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالدى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىگە مۇھىم تۆھپە قوشتى، دەپ قارىدى.

نۆۋەتتە، تېررورىزم ۋە دىنىي ئەسەبىيزم يەنىلا ھەرقايسى دۆلەتلەر دۈچ كېلىۋاتقان ئورتاق خىرىس. نۇرغۇن دۆلەت ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەل قىلىش يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىۋاتىدۇ. ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تىرىشچانلىقىغا تۆھمەت قىلىش، ھۇجۇم قىلىشتەك رەزىل ئۇسۇلىغا خەلقئارا جەمئىيەتتىكى بىلىملىك زاتلار لەنەت ئوقۇدى. بىز ئامېرىكا تەرەپنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچەمنى دەرھال چۆرۈپ تاشلاپ، ئاتالمىش شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ قۇسۇر تېپىشنى توختىتىشقا، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى باھانە قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشنى توختىتىشقا كۈچلۈك دەۋەت قىلىمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا ھەققىي بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە ئۈچ دەرىجىلىك ئاپپارات ئىسلاھاتىنى تەكشى، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى. ئاپپارات ئىسلاھاتى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننىڭ پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك مۇھىم، زور خىزمەتكە ئالاقىدار بىرتۇتاش رەھبەرلىكى ۋە ماسلاشتۇرۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرا قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، خىزمەت ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يۈرۈشۈشى راۋان، ھاياتىي كۈچكە تولغان، بۇيرۇق، تەلەپنى جەزمەن ئىجرا قىلىدىغان خىزمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىسلاھاتنىڭ كۆزلىمە نىشانىغا يېتىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، ئاپپاراتلارنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، تۈزۈم ـ مېخانىزمنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش مۇلازىمەت ئىقتىدارى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى ياخشى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ مۇھىم، زور خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. پارتكومنىڭ كېڭەشش، ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى چوڭ ئىشلارنى پىلانلاش، چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم، زور خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتكومنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى، ياخشى ياردەمچىسى بولۇشى كېرەك. كېڭەشش، ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ دائىمىي ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى بەلگىلەنگەن ئورنىنى توغرا ئىگىلەپ، خىزمەت ئۇسۇلى، شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىشى كېرەك. پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك خىزمەت ئورگانلىرى پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە باشلامچىلىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، فۇنكسىيەلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەققىي راۋانلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ فۇنكسىيەلىك تارماقلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن تەۋەلىك بويىچە ماسلاشتۇرۇش، باشقۇرۇش فۇنكسىيەسىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئورگانىك جىپسلاشتۇرۇش، ئۆزئارا بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش ئىقتىدار سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. «ئۈچنى بېكىتىش» بەلگىلىمىسىگە قاتتىق ئاساسلىنىپ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا چوڭ ۋەزىيەت ئاساسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، چوڭ ۋەزىيەت ئاساسىدا ھەرىكەتكە كېلىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى چۆرىدەپ، ۋەزىپىنى ياخشى ئادا قىلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ياخشى ئادا قىلىش كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىسلاھاتتىكى ئاكتىپلىقىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى تارماقلار ئۆز ساھەسى، ئۆز سىستېمىسىدىكى ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك تارماقلارغا بولغان يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلامغا تېخىمۇ كۆپ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، مۇقىملىق ئاساسىنى يەنىمۇ پۇختىلىشى، تەرەققىياتنىڭ بوغما ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلىشى، خىزمەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىشى كېرەك. ئالاقىدار يۈرۈشلۈك ئىسلاھاتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. كەسپىي ئورۇنلار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەمۇرىيەت بىلەن كەسپىي ئورۇنلارنى ئايرىش، كەسپىي ئورۇنلار بىلەن كارخانىلارنى ئايرىش، باشقۇرۇش بىلەن قوغداشنى ئايرىشنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، مەدەنىيەت بازارلىرى، قاتناش ـ ترانسپورت، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ يېزا ـ بازار(كوچا باشقارمىسى) ئىسلاھاتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا پايدىلىق، ھەر مىللەت ئاممىغا قولايلىق، ئاساسىي قاتلام ئىشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئىخچام، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئاساسىي قاتلام باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىش كېرەك. ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ پارتىيەنىڭ ئىسلاھات خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىرىكمە ئۈنۈم ئېففېكتى شەكىللەندۈرۈش؛ ئىسلاھاتتا ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىقلىقى، بىر پۈتۈنلۈكلۈكى، ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، بىر پۈتۈن ئۈنۈم ئېففېكتى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىغا قەتئىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ھەققىي تۈردە ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ياخشى مۇستەھكەملەپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى پائال ئالغا سىلجىتىشنى تىرىشىش يۈنىلىشى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيە سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك تۈزۈلمە ـ مېخانىزم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.